3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك بولدى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى شىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن قوش بايراملىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ يەنە بىر قېتىملىق ساياھەت قىزغىنلىقىنى كۆتۈرۈۋالدى. كۆپكۆك ئاسمان، ساپ ھاۋا ساياھەتچىلەرگە تەبىئەت بىلەن يېقىندىن ئۇچرىشىش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە كۆز پەسلىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇردى.

كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىنىڭ سىجىل ئالغا سىلجىتىلىشىنىڭ نەتىجىسىدە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ ھاۋا سۈپىتى سىجىل ياخشىلاندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىد، ئازوت ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارى 2015 ـ يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، نۇقتىلىق رايون «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە» «كۈيتۈن ـ مايتاغ ـ شىخو»نىڭ ھاۋا سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: مۇھىت خەلق تۇرمۇشى دېمەكتۇر، يېشىل تاغ گۈزەللىك دېمەكتۇر، كۆك ئاسمانمۇ بەخت دېمەكتۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئومۇم ئەڭ مەنپەئەتلىنىدىغان خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى تېز ياخشىلاپ، كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلبە قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلارنى قايتۇرۇپ بەردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە غەلبە قىلىش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانى (2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)» «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە» «كۈيتۈن ـ مايتاغ ـ شىخو» رايونىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش لايىھەسى (2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)»نى بېسىپ تارقىتىپ، يولغا قويۇپ، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يۇقىرى نۇقتىدىن تۈرتكە بولۇپ، سانائەت، كۆمۈر، موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسىدىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ بۇلغىما مەنبەسى»نى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى سىجىل كۈچەيتتى، ئوت ئېلېكتىر، سېمونت قاتارلىق نۇقتىلىق ساھە كارخانىلىرىدا قىش پەسىللىك مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى. سانائەت خۇمدانلىرىنىڭ ئاتموسفېرانى بۇلغىشىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، دىزېل يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ بۇلغىشىنى تۈزەشنى پۇختا قەدەمدە قانات يايدۇردى، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا گاز ئىشلىتىشتەك پاكىز ئېنېرگىيە بىلەن ئىسسىنىشنى پۇختا، مۇۋاپىق ئالغا سىلجىتتى، ھاۋا سۈپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە مۇھىت مېتېئورولوگىيە شارائىتى بىرلەشمە كېڭىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر بۇلغانغان ھاۋارايىغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئېغىر بۇلغانغان ھاۋارايىغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش ـ ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورناتتى، تاكامۇللاشتۇردى. پار بېرىش مەزگىلىدە نۇقتىلىق ساھەلەردە مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېغىر بۇلغانغان ھاۋارايىغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش بويىچە بۇلغىما ئازايتىشنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، ئېغىر بۇلغانغان ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.




□制图/新疆日报视觉中心 张 永

2019 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە بولغان پار بېرىش مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى بىر مەيدان چىرايلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى قىلدى. پۈتۈن شەھەرنىڭ ئۆلچەمگە يەتكەن (ئەلا) كۈن سانى 114 كۈن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26 كۈن كۆپەيدى، ئېغىر بۇلغانغان كۈن سانى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13 كۈن ئازايدى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەلا بولغان كۈن سانى نىسبىتى 71.4% بولۇپ، 2014 ـ يىلدىكىدىن 1.8 پىرسەنت پوئېنت ئاشقان، PM10 2014 ـ يىلدىكىدىن 21.3% تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەلا بولغان كۈن سانى نىسبىتى 75.9% بولۇپ، 2014 ـ يىلدىكى 57.3%تىن 18.6 پىرسەنت پوئېنت ئاشقان، ئېغىر بۇلغانغان كۈن سانى نىسبىتى 6.3% بولۇپ، 2014 ـ يىلدىكىدىن 0.5 پىرسەنت پوئېنت ئازايغان، PM2.5، PM10 2014 ـ يىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم 22%، 70% تۆۋەنلىگەن.

# 78 دەريا ـ ئېقىننىڭ سۈيى تېخىمۇ سۈزۈكلەشتى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى شىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، قۇياش نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى دولقۇنلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى، قىرغاق ئەتراپى يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. 2019 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن 78 دەريا ـ ئېقىننىڭ 169 كەسمە يۈزىدە، سۇ سۈپىتى ئەلا كەسمە يۈزنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 98.8%كە يېتىپ، «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2.9 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلىدى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، سۈزۈك سۇنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىشنى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك جېڭى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ ۋە ئالغا سىلجىتىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك روشەن نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

سانائەت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش چىڭ تۇتۇلۇپ، قەغەز ياساش، پولات ـ تۆمۈر، ئازوتلۇق ئوغۇت، بېسىش ـ بوياش، دورا ياساش، كۆن ـ خۇرۇم كەسپىنى پاكىزلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش خىزمىتى تاماملاندى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 85 سانائەت توپلانغان رايوننىڭ 83ىدە يۇندىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى قۇرۇپ چىقىلدى ھەم توردا ئاپتوماتىك نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلدى.

شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرمۇش بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، مەركەزلەشتۈرۈش شەكلىدىكى ئىچىدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ مۇھىتىنى تۈزەش ئالغا سىلجىتىلىپ، «مىڭ توننا، ئون مىڭ ئادەم» ئىچىدىغان سۇ مەنبەسىنى قوغداش رايونىنى «ئايرىش، بېكىتىش، تۈزەش» ھەم مەسىلىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش تەشكىللىك قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر ـ بازارلاردىكى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش بويىچە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكەتنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ يولغا قويدى، باغراش كۆلى ئېقىن رايونى قاتارلىق شەھەر ـ بازارلاردىكى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك A ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى تولۇق تاماملاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرمۇش يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىدىن جەمئىي 111ى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، بىرىنچى دەرىجىلىك A قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن يۇندى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسىدىن 75ى بولۇپ، بارلىق ناھىيە، شەھەر، شەھەر ـ بازارلارنى تۇرمۇش يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئالغا سىلجىتىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 3119 كۆلەملىك باقمىچىلىق مەيدانى( رايونى)غا چىقىرىندىلارنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش ئەسلىھەلىرىنى سەپلەش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، ئەسلىھەلەرنى سەپلەش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى.

باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى قاتارلىق نۇقتىلىق كۆل ـ ئامبار ئېقىن رايونلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداشتا، ئۆلچەمگە يەتمىگەن سۇنى تۈزەش تېز ئالغا سىلجىتىلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار شەھەرلەردىكى مەينەت، سېسىق سۇنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەت توپلاشقان رايونلارنىڭ يۇندىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە شەھەرلەردىكى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتلىرىنى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىشكە تېز تۈرتكە بولۇپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ مەينەت، سېسىق سۇنى تۈزەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ «مىڭ كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئونمىڭ كەنتنى تۈزەش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېزىلاردىكى تۇرمۇش يۇندىسىنى تۈزەش تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى.




□制图/新疆日报视觉中心 张 永

# جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13% ئاشتى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى ئاپتونوم رايوننىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىل چۆرىدەپ، پەرقلىق پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كونا ـ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشى ۋە سانائەتنى مۇقىم ئاشۇرۇش، قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىدى. بۇ يىلنىڭ بېشىغىچە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارى 3 تىرىليون 30 مىليارد يۈەن، خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 2 تىرىليون 50 مىليارد يۈەن بولۇپ، 2016 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 62.9% ۋە 49.6% ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 13.0% ۋە 10.6% ئاشتى.

مەۋقەنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى تەلىپىگە قويۇپ، خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى يېشىل پۇل مۇئامىلە، ساياھەت پۇل مۇئامىلىسى، پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ يۆنىلىشنى چۆرىدەپ، يۇقىرى، يېڭى پەن ـ تېخنىكا، ياسىمىچىلىق كارخانىلىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، پۇقراۋى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، مەدەنىيەت ـ ساياھەت قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە قارىتا، ئۇدا كۆپ يىل پەرقلىق يېتەكچى پىكىر ۋە ئالغا سىلجىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، سانائەتنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنىڭ ئېشىشىغا، كېمىيىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى تەييارلىق پۇل فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش، تەكرار قەرز پۇل بېرىش، تەكرار دىسكونت قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل پۇل سىياسىتى قوراللىرىنى ئۇنىۋېرسال قوللىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ئىز قوغلاپ، كۆپ يول ئارقىلىق ئۇدۇللاشتۇرۇپ ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە بايلىقىنىڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ نۇقتىلىق ساھەسى ۋە ئاجىز ھالقىلىرىغا ئۈزلۈكسىز توپلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇل ئەسلىھە، پۇقراۋى كىچىك، ئۇششاق كارخانا، ياسىمىچىلىقنىڭ قالدۇق سوممىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 524 مىليارد 910 مىليون يۈەن، 417 مىليارد 820 مىليون يۈەن، 204 مىليارد 110 مىليون يۈەن بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.3%، 30.6% ۋە 10.6% ئاشتى.




□制图/新疆日报视觉中心 张 永

يەنە بىر تەرەپتىن، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان، يۆلەشمۇ، تىزگىنلەشمۇ بولغان ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بىلەن قوللاشنى ئازايتىپ، «مۇردا كارخانا»لارنىڭ تەرتىپلىك چېكىنىپ چىقىشىغا پائال تۈرتكە بولدى.

مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قۇرۇلمىسى جەھەتتە، خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى قوللاش سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. شىنجاڭ بانكىلار ئارا بازار زايومىنى سېتىشنى ئۈستىگە ئېلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەلەپچانلىق مېخانىزمىنى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنىڭ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، سانائەتنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مەدىتى بىلەن تەمىنلىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا جەمئىي 98 كارخانا بانكىلار ئارا زايوم بازىرىدا قەرز ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قورالىدىن 754 قېتىم(ساقلانما مىقدار)، 464 مىليارد 121 مىليون يۈەن(ساقلانما مىقدار) تارقاتتى، سانى، سوممىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2016 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكىنىڭ 2.43 ھەسسىسى ۋە 2.41 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)